مۇقەددەس كىتاب

# يۇھاننا

يازغان

ئىككىنچى خەت

63

# يۇھاننا يازغان
# ئىككىنچى خەت

مۇقەددەس كىتاب - يېڭى ئەھدە
(ئىنجىل)
24-قىسىم

1950-يىلىدىكى «مۇقەددەس كىتاب»نىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزگەرتىلدى

2013
دەسلەپكى نۇسخا

www.dunyaningnuri.com

# يۇھاننا يازغان ئىككىنچى خەت

## خانىمغا ۋە بالىلىرىغا سالام

1 [1] مەن، ئاقساقالدىن، ئىلغانغان خانىمغا ۋە بالىلىرىغا سالام. سىلەرنى يالغۇز مەن ئەمەس،
بەلكى ھەقىقەتنى بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى دوست تۇتىدۇ. [2] دەرۋەقە بىزدە تۇرۇپ قېلىپ،
ئەبەدكىچە بىز بىلەن بولىدىغان ھەقىقەت ئۈچۈن سىلەرنى دوست تۇتىمىز. [3] خۇدا ئاتىدىن
ۋە ئاتىنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھتىن ھەقىقەتتە ۋە مۇھەببەتتە مېھىر-شەپقەت، مەرھەمەت ۋە
ئامانلىق بىزلەر بىلەن بولسۇن.

## ھەقىقەت ۋە مۇھەببەت

[4] بالىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا ئۆزىمىز ئاتىنىڭ تەرىپىدىن قوبۇل قىلغان ئەمرگە مۇۋاپىق ھەقىقەتتە
يۈرگەنلەرنى تاپقىنىم ئۈچۈن تولا خۇش بولدۇم. [5] ئەمدى، ئەي خانىم، سەندىن بىر تىلىكىم بار.
ساڭا يېڭى ئەمر پۈتكەندەك ئەمەس، بەلكى دەسلەپتىن بىزدە بار ئەمرنى يەنى: «بىر-بىرىمىزنى
دوست تۇتايلى» دەپ پۈتىمەن. [6] مۇھەببەت شۇدۇركى، ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە مۇۋاپىق يۈرگەيمىز.
دەسلەپتىن ئاڭلىغىنىمىزدەك ئەمر شۇدۇركى، مۇھەببەتتە يۈرگەيسىلەر.

## ئازدۇرغۇچىلاردىن ئاگاھلاندۇرۇش

[7] چۈنكى تولا ئازدۇرغۇچىلار، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ جىسمىدە كەلگىنىنى ئېتىراپ
قىلمايدىغانلار دۇنياغا كەلگەندۇر. شۇنداق كىشى ئازدۇرغۇچى ۋە دەججالدۇر. [8] ئۆزۈڭلارغا
قاراپ ئاگاھ بولۇڭلاركى، قىلغان ئىشىڭلار زايە بولماي، تولۇق ئىنئام تاپقايسىلەر. [9] ئىلگىرى
چىقىپ كېتىپ مەسىھنىڭ تەلىمىدە تۇرۇپ قالمىغان كىشىدە خۇدا يوقتۇر. ھەركىمكى
تەلىمدە تۇرۇپ قالسا، ئۇنىڭدا ھەم ئاتا ئۆزى، ھەم ئوغۇل ئۆزى باردۇر. [10] بىركىم بۇ تەلىمنى
كەلتۈرمەي، سىلەرگە كەلسە، ئۆز ئۆيلىرىڭلاردا ئۇنى قوبۇل قىلماڭلار ۋە ئۇنىڭغا سالام
ئېيتماڭلار. [11] چۈنكى ئۇنىڭغا سالام ئېيتقان كىشى ئۇنىڭ يامان ئەمەللىرىگە شېرىك بولىدۇ.

## ئاخىرقى سالاملار

[12] سىلەرگە پۈتىدىغان تولا نەرسىلىرىم بار، لېكىن قەغەز ۋە سىياھ بىلەن پۈتكىلى خالىمىدىم.
خۇشلۇقىمىز كامىل بولغاي دەپ، سىلەرگە كېلىپ ئېغىزدىن ئېغىزغا سۆزلەشكىلى ئۈمىد قىلىمەن.
[13] ئىلغانغان ھەمشىرەڭنىڭ بالىلىرى ساڭا سالام ئېيتىدۇ.